2020 ـ يىل 11 ـ ئاي
26
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月26日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57－1 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25257 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## شى جىنپىڭ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ بايدېننىڭ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ جوسېف بايدېنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشماسلىق، قارشىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ھەمكارلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىختىلاپلارنى باشقۇرۇپ، تىزگىنلەپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇ كۈنى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن كامالا خاررىسقا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

### شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەربىي مەشىق يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، مەشىق سەۋىيەسى ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۇەنلياڭ، ليۇ جىمېي)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەربىي مەشىق يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئارمىيە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي جەڭ ئەمەلىي مەشىقى، بىرلەشمە جەڭ بىرلەشمە مەشىقى، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق مەشىقنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە مەشىقنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئىجادىيلىقنى ئالغا سۈرۈپ، ئېنىق ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىچە ھەربىي مەشىق سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، مەشىق سەۋىيەسى ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئارمىيەمىزنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.



11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەربىي مەشىق يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەردە، شى جىنپىڭ جىڭشى مېھمانسارىيىغا كېلىپ، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە يىغىن ۋەكىللىرى، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋەكىللىرى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى سەممىي قوبۇل قىلدى، كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەربىي مەشىق قىسمىنىڭ دائىملىق مەركىزىي خىزمىتى، جەڭگىۋارلىقنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسىي يولى، ئەڭ بىۋاستە ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى بولۇپ، قىسمىنىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قىسمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەيلى

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىرلا غەيرەتكە كېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھالللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بىز تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسىغا سەمىمىي سالام يوللايمىز! سوتسىيالىزم ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېڭى دەۋر كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىز يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز!

تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا يۇكسەك باھا بەردى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ قالتىس تۆھپىسى ۋە يۇكسەك روھىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى قىزغىن تەرىپلىدى، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا چىڭ تايىنىپ يېڭى مۇساپىنى باشلاش، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىشقا قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، جەزمەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرىمىز

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش، دادىل يېڭىلىق يارىتىش، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى سارقوبۇ يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزدى

### خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى باھارگۈل سەمەت يىغىنغا كېلىپ سورالغان سوئالغا جاۋاب بەردى ھەم ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى مەسئۇل
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

# قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جەنۇبىي شىنجاڭلىق قىز پاشاگۈل مەملىكەت بويىچە «ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى ياڭ، لياڭ لىنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىرلار بېيجىڭدىن شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن پاشاگۈل كېرەم بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «تاغدىن چىقىش ئىلگىرى مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئىدى. تېخىمۇ كۆپ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىنى باشلاپ، قامچىنى تاشلاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغاندىم. مۇشۇ دەۋردە، تىرىشچانلىق ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ!»

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە «ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى»لەرنى ئېلان قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. پاشاگۈل، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى كىچىك ناھىيە ـــ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىن چىققان بۇ قىرغىز ئايال مەملىكەت بويىچە ئون «ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى»نىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇكاپات سەھنىسىگە چىقتى.

«جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇشۇ يىللاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرى يېزا ئاياللىرى بىر ئۆمۈر قازان بېشى ۋە بالىلىرىنى چۆرگۈلەپ ياشايتتى. ھازىر ئەنئەنىۋى ئىدىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى، ئۇنىڭلا ئەمەس، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشنىڭ تەقدىرى ئۆزگەردى» دېدى پاشاگۈلنىڭ ئىبرى دۇيسەن سىدىق ھاياجانلانغان ھالدا.

پاشاگۈل ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بۆرتوقاي يېزىسى ئاقچى كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدە دادىسى تۈگەپ كەتكەن، ئانىسى يالغۇز نەچچە بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشقان.

2006 ـ يىلى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى گۇاڭدۇڭغا بېرىپ ئىشلەشكە چاقىرىق قىلدى، ئەينى چاغدا 23 ياشلىق پاشاگۈل كەنت بويىچە تۇنجى بولۇپ تىزىملاتتى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)